# شى جىنپىڭ بىلەن چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن ئۆزئارا ئاغزاكى خەۋەر يوللىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو بىلەن چاۋشيەننىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسى ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى جانلىق شەرھلىدى. مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن ھەم يۈكسەك باھا بېرىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، جاپالىق، مىسلىسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، جۇڭگو يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەنمۇ چاۋشيەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەھۋالى ۋە چاۋشيەن خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىمەن. يولداش كومىتېت باشلىقى چاۋشيەن پارتىيەسى ۋە خەلقىنى يېتەكلەپ بىر قاتار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى ھەم پائال نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، مەن بۇنىڭدىن مەمنۇن بولدۇم ۋە خۇشال بولدۇم. جۇڭگو تەرەپ چاۋشيەن تەرەپ بىلەن بىللە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى ھەم چاۋشيەن تەرەپنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قۇربىنىڭ يېتىشىچە مەدەت بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو ـ چاۋشيەن ئىككى تەرەپ ھەمدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، بۇ مەيدان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلبىسىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: مەن جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، يولداش كومىتېت باشلىقى بىلەن بىرلىكتە، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئىككى تەرەپنىڭ مۇھىم ئورتاق تونۇشىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايمەن.

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، جىن جېڭئېن شى جىنپىڭغا ئاغزاكى خەۋەر يوللاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو پارتىيەسى ۋە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە غايەت زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە يۈكسەك باھا بەردى ھەم تەبرىكلىدى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ چوقۇم جەڭ نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يولداش باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسرىشىنى ئۈمىد قىلدى ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا جەڭ سالىمى يوللىدى، چاۋشيەن ـ جۇڭگو ئىككى پارتىيە مۇناسىۋىتىنىڭ كۈنسېرى قويۇقلىشىشىغا، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوندىن بىر قىسمىغا يېقىن ئېغىر كېسەللىك مېدىتسىناسى تايانچىلىرى كۈچ ئۇلاپ جەڭ قىلدى... پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچى ئىشقا سېلىندى، ئەۋزەل سەرخىل ئەسكىرىي كۈچ توپلاندى، بارلىق كۈچلەر جەڭگە ئاتلاندۇرۇلدى، كېچە ـ كۈندۈز دەم ئالمىدى. دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سالمىقى ۋە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سۈرئىتىگە تايىنىپ، جۇڭگو ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ھاياتلىقنى بىباھا بىلىدىغان ھېسسىياتىنى نامايان قىلدى.

ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇشتا، جۇڭگو چىقىم بىلەن ھېسابلاشمىدى. 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئاغرىقلار ۋە گۇمانىي ئاغرىقلارنى داۋالاش ھەققىنى شەخسلەرنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. دۆلەت مالىيەسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ياردەم مەبلىغىنى جىددىي ئاجراتتى، ھەرقايسى جايلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سېلىنمىسىنى بەس ـ بەستە كۆپەيتتى، نەپەسلەندۈرۈش ماشىنىسى، مۇداپىئە كىيىمى، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى قاتارلىق تۈرلۈك داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەڭشەپ يۆتكىدى، ئاشلىق، ياغ، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق تۈرلۈك تۇرمۇش زۆرۈر لازىمەتلىكلىرى ھەر تەرەپتىن توپلاندى. ئىككى گۇرۇپپا سانلىق مەلۇمات ئەڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە، بىرى، ۋۇخەن شەھىرىدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنىڭ ئومۇمىي ساقىيىش نىسبىتى 94%كە يەتتى. يەنە بىرى، دۆلەت داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئىدارىسىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئېنىق دىياگنوز قويۇلۇپ دوختۇرخاندا ياتقان ئاغرىقلارنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە داۋالىنىش خىراجىتى 21 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكەن، ئېغىر ئاغرىقلارنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە داۋالىنىش خىراجىتى 150 مىڭ يۈەندىن ئاشقان، بۇ خىراجەتلەرنىڭ بىر قىسمى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن ئاتچوت قىلىنغاندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە دۆلەت مالىيەسىدىن ياردەم پۇلى بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 70 ياشلىق بىر ئاغرىق ئۈچ ئايغا يېقىن داۋالانغاندا، ئىككى قېتىم ECMO ئىشلەتكەن، داۋالاش خىراجىتى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېقىنلاشقان. ئەنگلىيەلىك ئالىم، لوندون ئىقتىساد ۋە سودا سىياستى مەھكىمىسىنىڭ سابىق مەھكىمە باشلىقى روس مۇنداق دېدى: «جۇڭگو باشتىلا نېمىنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھەقىقىي تەسىر كۆرسىتىدىغان كىشىلىك ھوقۇق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. ئەجەللىك چوڭ تارقىلىشچان كېسەللىكتە، ئەڭ مۇھىم كىشىلىك ھوقۇق ئۆلۈك، يۈزەكى بولغان «كىشىلىك ھوقۇق» ئۇقۇمى بولماستىن، بەلكى ھايات قېلىشتۇر».

ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇشتا، جۇڭگو ياردەم قولىنى سۇندى. يۇقۇم پۈتۈن يەر شارىدا يامرىدى، جۇڭگو ئىنسانپەرۋەرلىك روھىدا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ياردەمگە ئېھتىياجلىق نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارغا ياردەم قولىنى سۇندى. ھازىرغا قەدەر، جۇڭگو ھۆكۈمىتى 150تىن ئارتۇق دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلاتقا جىددىي ئېھتىياجلىق داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بەردى، جەمئىي 15 تۈركۈم داۋالاش ئەترىتىنى 16 دۆلەتكە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا 50 مىليون دوللار ئىئانە قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە سەھىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى قوللىدى... تۈركۈم ـ تۈركۈم قىممەتلىك ماددىي ئەشيالار، ھەر قېتىملىق سىنلىق ئالاقىلىشىش، چەت ئەلگە ياردەم بېرىش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىلىرى، بۇلارنىڭ ھەممىسى قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىش، خەتەردىن قۇتقۇزۇپ يوقسۇللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، تەقدىرداش بولۇش، مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ چېكى بولماسلىقتەك ئىنسانپەرۋەرلىك نۇرىنى جۇلالاندۇردى.

ئېغىر كىرىزىس ئالدىدا، ھاياتلىققا مۇئامىلە قىلىش پوزىتسىيەسى بىر دۆلەتنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە قىممەت يۈزلىنىشىنى سىنايدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەيلى شىددەتلىك كەلكۈن، ئېچىنىشلىق يەر تەۋرەش بولسۇن ياكى قۇترىغان يۇقۇم ئالدىدا بولسۇن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى 1 ـ ئورۇنغا قويدى. بۇ ھەم ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيەنىڭ يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىقىدىن كەلگەن، شۇنداقلا ئەۋلادمۇئەۋلاد كوممۇنىستلارنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس بۇرچى، مەسئۇلىيىتى، باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرىدىغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىدىن كەلگەن.

4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چىڭمىڭدا، جۇڭگو پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. چەت ئەلنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق بىر ئەلچىخانىسى مىكرو بىلوگىدا مۇنداق دەپ يازدى: «جۇڭگونىڭ دۆلەت نامى بىلەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىدا قازا قىلغانلارغا تەزىيە بىلدۈرگەنلىكىدىن بىز جۇڭگونىڭ شەخسكە بولغان ھۆرمىتى ۋە ھاياتقا بولغان ھۆرمىتى ھەم ئۆلۈلەرنى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتۇق، شۇنداقلا 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگولۇقنىڭ كوللېكتىپ ھېسسىياتى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىتتىپاقلىق ۋە كۈچنى كۆرۈپ يەتتۇق.» ھەربىر كىشىگە سەممىمىي غەمخورلۇق قىلىش، ھەربىر ھاياتلىققا چىن قەلبىدىن ھۆرمەت قىلىش، ھەربىر ئاغرىقنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش، جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا ئادەمىيلىك شانلىق نۇرىنى چاقنىتىشى ۋىرۇس خالىغانچە قۇتراۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى قوزغاپ، ئىللىق كۈچ تارقاتماقتا.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈر، يەر، ئىسلاھاتنى ئالدىن يولغا قويۇش، ئالدىن سىناق قىلىش قاتارلىق 30 تۈرلۈك مۇكاپاتلاش، قوللاش تەدبىرىنى قوللاندى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى تۈرلۈك خىزمىتى تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى.

«ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»تا كۆرسىتىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز 2019 ـ يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاشتا يىللىق پىلاننى تاماملىغانلىقى، نامراتلارنى ئازايتىشتا نەتىجە ـ ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى، ئۇنىۋېرسال باھالاشتا ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش بويىچە رىغبەتلەندۈرۈشكە ئېرىشكەن. 2020 ـ يىلى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى مەركەز مالىيەسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس مەبلىغىنى تەقسىملىگەندە بەلگىلىك مۇكاپات بېرىدىكەن.

«ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»تا كۆرسىتىلىشىچە، كېرىيە ناھىيەسى يېزىلاردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە پائال، تەشەببۇسكار بولغانلىقى، نەتىجە ـ ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش بويىچە رىغبەتلەندۈرۈشكە ئېرىشكەن. 2020 ـ يىلى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى مەركەز مالىيەسىنىڭ يېزىلاردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش ياردەم پۇل مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، مۇۋاپىق دەرىجىدە مۇكاپاتلايدىكەن ياكى مايىللىشىپ قوللايدىكەن.

2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز 645 مىڭ 700 ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغان، 976 نامرات كەنتنى نامراتلىقتىن چېكىندۈرگەن، 12 نامرات ناھىيەنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتكەن، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 6.1%تىن 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 1.24%كە تۆۋەنلىگەن. نامرات ئاممىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم قىلماسلىقى، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلماسلىقى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان، مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئاساسىي داۋالىنىش، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى بىرقەدەر ياخشى كاپالەتلەندۈرۈلگەن.

يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، كېرىيە ناھىيەسى 57 مىڭ 80 يۈرۈش ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، 1 مىليارد 834 مىليون 826 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سالدى، 200 مىڭدىن ئارتۇق يېزا ئاھالىسى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كېرىيە ناھىيەسى نامرات نوپۇسنىڭ خەتەرلىك ئۆيدە تۇرۇش تارىخىغا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىپ، 2020 ـ يىلى قەرەلىدە، يۇقىرى سۈپەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا پۇختا ئاساس سالدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامرات كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يۈكىنى زىممىسىگە ئالدى. ئۆيمۇئۆي كىرگەندىن كېيىن، چېن شيۇفېڭنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى ــ كىشى بېشىغا ئاران 1.25 مو يەر توغرا كېلەتتى، خاس ۋە قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى كەسىپلەر يوق ئىدى، ئەمگەك ئىقتىدارى بار كەنت ئاھالىلىرى ئۆيىدە يېتىۋېلىپ، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ كىرىم قىلىشنى خالىمايتتى...

نامراتلىق مىڭ خىل، جاپا ھەر خىل، نامراتلىق يىلتىزى يەردە ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ كاللىسىدا، چېن شيۇفېڭ بۇ نۇقتىنى ناھايىتى چوڭقۇر بىلەتتى. ھالبۇكى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان شەكىللەنگەن تەپەككۇردىكى قاتمال ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئاسان ئەمەس ئىدى.

«بىر مو يەردىكى بۇغداي ۋە كۆممىقوناقنى يىل ئاخىرىدا ھېچقانچە پۇلغا ساتقىلى بولمايدۇ، كەنتىمىزدە مېۋە، كۆكتاتنى كۆپرەك تېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن سىرت ئەمگەك ئىقتىدارى بارلارنىڭ ھەممىسى سىرتقا چىقىپ ئىشلىشى، كۆڭلىرىنى بۇ ئازراقلا يېرىگە خورىتىۋەتمەسلىكى كېرەك...»

«كۆكتات تېرىشنى بىلمەيمەن!» «بۇغداينىڭ كىرىمى يۇقىرى ئەمەس، تېجەشلىك بولساقلا ياشىيالايمىز، سىرتقا چىقىپ نېمە قىلىمىز؟» كەنت ئاھالىلىرى يىغىنىدا، چېن شيۇفېڭنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، ئۇنىڭ ئاۋازىنى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قىزغىن «مۇنازىرە»سى بېسىپ كەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى ئەزەلدىن ياخشى بولسىمۇ، ئاچچىقىدا ئۈستەلگە ئۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى.

«ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش، ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش»تە ساقلاپ تۇرۇشقا بولمايتتى، لېكىن ئالدىراقسانلىق قىلىشقىمۇ بولمايتتى. ئۇدۇللا نەسىھەت قىلىش ئۇسۇلى ئانچە ئۈنۈم بەرمىدى، شۇڭا «دەل جايىدا تېمىتىپ سۇغىرىش»قا ئۆزگەرتىپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ خىزمەت ئىشلىدى، ئېتىز بېشىدىن ئوچاق بېشىغىچە بېرىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە سەۋرچانلىق بىلەن تەپسىلىي داۋلى سۆزلىدى، سىياسەتلەرنى چۈشەندۈردى؛ كەنت كادىرلىرى سۆزلىسىلا كۇپايە قىلمايتتى، كەنت ئاھالىلىرى يىغىنىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان بېيىش ماھىرلىرىمۇ ئۆز كەچۈرمىشىنى مىسال قىلىپ سۆزلەتكۈزدى، ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەم ۋە ئىشلار ئارقىلىق ئاممىنى يېتەكلىدى.

«نەچچە ئۆمۈرلۈك گەپنى دەپ بولغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.» شۇ مەزگىلدە، چېن شيۇفېڭ ۋە خىزمەت ئەترىتىدىكى ئەزالىرىنىڭ كالپۇكى دائىم قۇرۇپ يېرىلىپ، خېلى كۈنلەرگىچە ياخشى بولالمىدى.

بىر كۈنى، كەنتتىكى «جاھىل بوۋاي» ئەمەت شەمشى تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەت ئەترىتىگە كېلىپ، كۆكتات تېرىغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ، چېن شيۇفېڭنى ناھايىتى خۇش قىلىۋەتتى. «شۇنچە كۆپ گەپنى بىكارغا دېمەپتۇق، شۇنچە كۆپ خىزمەتنى بىكارغا ئىشلىمەپتۇق!» دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ.

«جاھىل بوۋاي»نىڭ كۆكتات تېرىشنى خالىشى شۇ ھامان كەنتتىكى «خەۋەر»گە ئايلاندى، تېخىچە كۆزىتىش پوزىتسىيەسىدە تۇرۇۋاتقان ئاشۇ كەنت ئاھالىلىرى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، ئىنچىكە ئويلىنىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ: «تېرىيمىز!» دېيىشتى.

## تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنىڭ ھەممىسى يەردە قالمىدى

ئەمەلىيەتتە مېۋە، كۆكتات تېرىشتا، باشلىنىشىدىلا چېن شيۇفېڭدا پىكىر يولى بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە سان يوق ئىدى.

كۆڭلىدە سان يوق بولۇشى بۇ تۇپراقنىڭ ئاساسى يوق بولغانلىقىدا ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيان، چاقا كەنتى ئىزچىل تۈردە «يېتىشەلمەسلىك» ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، پەيزاۋات ناھىيەسىدە شىنمېي كەسپى جانلاندى، بىرنەچچە قوشنا كەنت ئۇنىڭغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، لېكىن تۈرلۈك سەۋەب تۈپەيلىدىن، بۇلتۇرغا قەدەر، چاقا كەنتى ئاران 500 مودىن ئارتۇق يەرگە شىنمېينى نىشانلىق تىكىشنى تاماملىدى.

شىنمېي ئۈچ يىلدا مېۋە بېرىدۇ، ئۇنىڭغا تايىنىپ كەسىپ شەكىللەندۈرۈپ نامراتلىقتىن ۋاقتىدا قۇتۇلۇشقا تۈرتكە بولۇشقا ئېنىقكى ئۈلگۈرگىلى بولمايتتى. بىردىنبىر ئامال، پەقەت ئەسلىدىكى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ئىدى.

بۇ بىر يېڭى يول بولۇپ، تاشنى سىلاپ دەريادىن ئۆتۈشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى. خاتا سىناق تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، كەنت ئالدى بىلەن بىرنەچچە پارچە يەر ئېچىپ سىناق ئېتىزى قىلدى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن، كەنت شۇ جاينىڭ تۇپرىقى ۋە كىلىمات مۇھىتىغا بىرلەشتۈرۈپ لازا، جاڭدۇ، سامساق، بەسەي، پەيزاۋات قوغۇنىنى تېرىغاندى، ئويلىمىغان يەردىن بىراقلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

ئەمەتنىڭ ئۆيى سىناق ئېتىزىغا يېقىن ئىدى، بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. «بۇ نەرسىلەر ھەقىقەتەن ئۈنۈپ چىقتى، چوقۇم بۇغداي، قوناق تېرىغانغا قارىغاندا كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ! ئېتىزدا يەر ‹ئاغدۇرۇپ›لا ياخشى كۈنگە ئېرىشكىلى بولىدىكەن، نېمىشقا قىلمىغۇدەكمىز؟»

ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم، ھەرقانچە چىرايلىق سۆزلىگەن بىلەنمۇ، بىرەر ئىش قىلىپ دېھقانلارغا كۆرسىتىپ قويغانغا يەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، خىزمەت ئەترىتىنىڭ «ئاغزاكى يېتەكلىشى» بىلەن سىناق ئېتىزىدا تېرىقچىلىق قىلىش باشتىن ـ ئاخىر ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىككى لىنىيەنىڭ كېسىشىشى تاماملىنىپ، چاقا كەنتىنىڭ خاس تېرىقچىلىق ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، چاقا كەنتى ئالتە كۆكتات پارنىكى ياساش، 25 مو يەرگە پەيزاۋات قوغۇنى تېرىش، 35 مو يەرگە كۆكتات تېرىش ۋە ھويلا ـ ئارانلاردا كۆكتات تېرىشنى تاماملىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چاقا كەنتى خەلقنى بېيىتىش تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزگەرتىشنى سۇپا بىلەن تەمىنلەپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپى ھۆددىگە ئالغان 90 مو تۇتاش يەردىكى شىنمېينى ئۈلگە كۆرسىتىپ پەرۋىش قىلدى. ھەر پەسىلدە بارلىق كەنت ئاھالىلىرىنى بىر قېتىم تېرىقچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر ئايدا مۇتەخەسسىس ۋە تېرىقچىلىق ئۈلگە ئائىلىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ بىر قېتىم لېكسىيە سۆزلەتكۈزۈشنى قانات يايدۇرۇپ، تېرىقچىلىق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

خاس تېرىقچىلىق ئىزىغا چۈشتى، باقمىچىلىق ئىشلىرىدىمۇ توختاپ قالمىدى. باقمىچىلىق چېن شيۇفېڭنىڭ كەسپىگە ئۇدۇل كەلگەچكە، بۇنىڭدىن قىينالمايتتى. كۆپ ساندىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ باقمىچىلىق ئاساسى بار ئىدى، پەقەت تېخنىكا ۋە ئىدىيە كەمچىل ئىدى.

«تېخنىكا جەھەتتە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قوبۇل قىلىش دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى، لېكىن نۇرغۇن كىشى يەنىلا كونا قاراشتا بولۇپ، قوينى بورداپ بولسىمۇ يەنىلا قوتانغا سولىۋېلىپ بېقىۋېرىدۇ، ئائىلىدە پۇل يېتىشمىگەندىلا ئاندىن ئېلىپ چىقىپ ساتىدۇ، ۋاقتىدا سېتىپ يېڭىدىن پاقلان كىرگۈزمىگەچكە، كۆپ پۇل تاپالمايدۇ» دېدى چېن شيۇفېڭ. يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق، ھازىر بۇ خىل ئەھۋالدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى، ھەرقايسى ئائىلىلەردە ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى سۈپەتلىك ئوبوروت شەكىللەندى.

ئىلگىرى ئۆزىنىڭ قان ئىشلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئىزچىل يېتىشەلمەيۋاتقان چاقا كەنتى بۈگۈنكى كۈندە ئاخىر يېتىشۋالدى.

## پۇل تاپىدىغان ئىشتا بىزمۇ ئارقىدا قالساق بولمايدۇ

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا ـ كەنتلەردە، يەر بايلىقىنىڭ چەكلىك بولۇشى تەرەققىياتنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان رېئال مەسىلە. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك!

شەھەر بىلەن يېزا تۇتاشقان جايغا جايلاشقان چاقا كەنتى ئەسلىدىنلا تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، پەقەت كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيەسى مۇتەئەسسىپ بولغاچقا، سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشتىن ئىبارەت بۇ قەدەمنى بېسىشنى خالىمايتتى.

ئىدىيەدىكى توسۇقنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى قوزغىلىپ بېرىلدى، ئۈمىدكە تولغان تۇرمۇشقا ھەممە ئادەمنىڭ ئىنتىلگۈسى كەلدى.

بۇخەلچىخان سىدىق باشقا كەنتتىن چاقا كەنتىگە ياتلىق بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، راھەت كۈن كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئېرىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، پەقەت ئادەتتىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىلا قىلالايتتى، ئۆزىمۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە بالا بېقىش بىلەنلا ئۆتەتتى. ئادەتتە، ئۇلارغا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ ئاندا ـ ساندا ياردەم قىلىپ تۇراتتى، لېكىن بەزىدە مەسخىرىمۇ قىلاتتى، ئۇمۇ بۇنداق سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلايتتى.

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا، كەنت ئەتراپىدا كەنت بىر زاۋۇت قۇردى، بۇخەلچىخان ئېرىگە زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلەش توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى، كەنتتىمۇ يەسلى بار بولدى، بالىلارغا قارايدىغان ئادەم بولماسلىقتىن ئەنسىرەشكە قىلمايدىغان بولدى. «ئىلگىرى بولغان بولسا چوقۇم سېنى توسۇپ قالاتتىم، لېكىن ھازىر ئوخشىمايدۇ، ھەممە ئائىلە قانداق قىلىپ پۇل تېپىشنى ئويلايدىغان بولدى، بىزمۇ ئارقىدا قالساق بولمايدۇ، خاتىرجەم بېرىۋەر» دېدى ئېرى ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

ئىككى ئايلىق تەربىيەلەش ئارقىلىق، بۇخەلچىخان ئىش ئورنىغا رەسمىي چىقتى، ئۇنىڭ بىر جۈپ چېۋەر قولى رەڭلىك يىپلار ئارىسىدا ئەپچىل ھەرىكەت قىلىپ، زىچ توقۇلغان گۈللۈك رەختلەرنى توقۇپ چىقاردى. «مائاشىمىز نەتىجە ـ ئۈنۈم بويىچە ھېسابلىنىدۇ، مەن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا خېلى كۆپ پۇل تاپالايمەن، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتا چاتاق يوق!» بۇخەلچىخان كۈلۈپ تۇرۇپ، مائاشنى ئالغان تۈنجى ئايدا، ئۇ ئۆزىگە بىر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ، تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تازا ئوبدان «كۆز ـ كۆز قىلغانلىقى»نى ئېيتتى.

كەنتتە ناۋايخانا، ساتىراشخانا ئېچىش، كەنت قۇرغان زاۋۇت، ناھىيە بازىرىدا يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش، شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش... ھازىرقى چاقا كەنتىدە، ھەممە ئادەم تىرىشىدىغان بولدى، ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشقا ئورۇنلاشتى.